## 125509 ـ دىنى ئوقۇغۇچىدىن ئانىسى، دىنى ئىلىمدىنمۇ بەكرەك ئالى مەكتەپ دەرسلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلدۇ، ئۇ ئىككى ئىشنىڭ ئارىسىنى قانداق مۇۋەپپەقلەشتۈرىدۇ؟.

### سۇئال

ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدىلەر بولسۇن، مەن شەرئى بىلىم ئېلىۋاتقان ئوقۇغۇچى، دىنى بىلىملارغا بەك ئەھمىيەت بېرىمەن، لېكىن ئانام ماڭا دائىم، پەننى مەكتەپ دەرسلىرىگە بەڭ ئەھمىيەت بەرگىن، تاپشۇرۇقلىرىڭنى ۋاقتىدا ئادا قىلغىن دەيدۇ، مەن بۇ ئىككى ئىشنىڭ ئارىسىنى قانداق مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بىرلىكتە ئىلىپ بارالايمەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئىنسانىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلاردىن، شەرئى ئىلىمنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن تىرشىۋاتقانبەزى ياشلىرىمىز، ئائىلىدىكى تاپشۇرۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلمايدۇ، مائارىپ تۈزۈمىدىكى مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىگە سەل قارايدۇ، ھەقىقەتەن بۇ ئىش ئائىلىسىدىكىلەرگە يامان تەسىر بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئائىلىدە، پەرزەنتلىرىنى ئىلىم-مەرىپەت سورۇنلىرىغا قاتنىشىش، پايدىلىق بولغان لىنتىلارنى ئاڭلاش، دىنى كىتابلارنى ئوقۇشتىن چەكلەيدۇ،بۇنىڭ سەۋەبى بىز يۇقىرىدا زىكىر قىلغاندەك ئەۋلادلارنىڭ مەكتەپ دەرسلىكىگە سەل قارىغانلىقىدىن بولغان، ئەگەر ئائىلىدىكىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ھەر ئىككى دەرسلىكنى تەڭ-باراۋەر ئىلىپ بارغانلىقىنى، بىرىگە -بېرىلىپ يەنە بىرىگە سەل قارىمىغانلىقىنى كۆرگەن بولسا ئەلۋەتتە ئۇلارنى پايدىلىق لىنتىلارنى ئاڭلاش، دىنى كىتابلارنى دەرسلىك قىلىش ۋە ئىلىم سورۇنلىرىغا قاتنىشىشتىنھەرگىزمۇ چەكلىمەيتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلار دىققەت قىلىشى كېرەك، شۇنى بىلىش كېرەككى، كۆپچىلىك ئائىلىدىكىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە سەل قارىغانلىقىدىنشىكايەت قىلىدۇ، بۇ ياشلارنىڭ بەزى ۋاقتىدا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكىگە سەۋەپ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئائىلىدىكىلەر يەنە ئارتۇقچە جاپا تارتىپ، ئىقتىساد سەرپ قىلىدۇ.

يەنە نۇرغۇن ئائىلىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە، ئىمتاھانلىرىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ،ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسىپەرزەنتلىرىنى مەسچىتكە چىقىپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرمەستىن ئۇلارنى ناماز ۋە زىكىرلەرنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قالىدۇ، ئۇلار مەكتەپ-ئۇنىۋېرسىتىتنى ۋە ئۇنىڭ تۈزۈملىرىنى بەك چوڭ بىلىدۇ، ئەۋلادلىرىنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز بولىشىنى شۇنىڭغا ئالاقىدار قىلىدۇ، ئۇلار دىپلومغا ئېرىشكەنلەرنى يەپ-ئىچىپ، توي

قىلىپ راھەتتە ياشايدۇ، دىپلومغا ئېرىشەلمىگەنلەرنى بولسا بەختلىك ياشىيالمايدۇ دەپ ئويلايدۇ، ئەمما بىز ئەمەلى ۋاقىئەلىكتە بۇنىڭ ئەكسىنى كۆرۈۋاتىمىز، ئومۇمەن: بىز ئاللاھ تائالانىڭ تائەت-ئىبادىتىدە مۇستەھكەم تۇرغان ياشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن ئۈمىد قىلىدىغىنىمىز، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ پەننى دەرس ۋە پروگراممىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتە چەكتىن ئاشۇرۋەتمەستىن ياشلىرىمىزنىڭ ئىككى دەرسلىكنىڭ ئارىسىنى ياخشى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىپ زايە قىلىۋەتمەستىن، تەلەپ قىلىنىدىغان ئىككى دەرسلىك ئارىسىدا ۋاقىتنى تەڭشەپ دىنى ۋە پەننى بىلىملەرنى تەڭ ئۆگىنىشىنى ئارزۇ قىلىمىز.

ئىككىنچى: ئىلىمغا رىغبەتلەنگۈچى قېرىنداشىم! سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭچاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئىلىم تەلەپ قىلىش بىلەن سىزنى چەكلەنگەن ئىشقا بۇيرۇمىغان ئاپىڭىزغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈڭ، ئاللاھ بۇ ئىش ئارقىلىق سىزگە مەنپەئەت بەرسۇن، سىزگە تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلىمىز:

1-سالىھ كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇپ، ناچار كىشىلەردىن يىراق بولۇشقا تەۋسىيە قىلىمىز. ياخشى ھەمراھلارغا ھەمراھ بولۇش سىزنى ۋە سىزنىڭ ۋاختىڭىزنى قوغدايدۇ، سىزگە ئادا قىلىش زۆرۈر بولغان ئىشلارنى ئەسلىتىدۇ، ھەتتا سىز دىنى ئىلىم ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەنھەمكارلىشىۋاتقان بولسىڭىزمۇ، ئۇلار سىزدىن ئۇنىۋېرسىتېتى دەرسلىكى ئۈچۈن ئايرىم ۋاقىت چىقىرىشىڭىزغا نەسىھەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىڭىزگە ياخشى ياردەمچىدىن بىرنى تاپىسىز، ناچار ھەمراھلاردىن يىراق بولۇسىز، چۈنكى ئۇلار سىزنى ياخشىلىققا يېتەكلىمەيدۇ ۋە ھىدايەت يولىغا باشلىمايدۇ.

2-ۋاقتىڭىزنىڭ مىنۇت-سىكۇنتلىرىنى چىڭ تۇتۇڭ، ھەرگىز بىكار ئۆتكۈزىۋەتمەڭ، ۋاقىتقا ياخشى ئەھمىيەت بەرگەندە، ھەر كۈندە سىزنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشىڭىز، ئىلىم تەلەپ قىلىشىڭىز ۋە ئۇنىۋېرسىتېتى دەرسلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشىڭىز ئۈچۈن ۋاقىت چىقىدۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئىنساننىڭ ۋاقتى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھاياتىدۇر، ۋاقىت ئۇ كىشىنىڭ دائىم نېمەتلىنىدىغان ئەبەدىيلىك ھاياتنىڭ ماددىسى شۇنداقلا دەرتلىك ئازابتا، قىيىن ھاياتتا ياشاشنىڭ ماددىسى، ۋاقىت دىگەن ئۆتكۈنچى بۇلۇتتىنمۇ تىز ئۆتىدۇ، ئىنسان ئۆز ۋاقتىنى ئاللاھ ئۈچۈن، ئاللاھ بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن بۇ ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئۆمرى، ئۇنىڭ غەيرى بولسا، ھاياتىدا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، ئەگەر ياشىسا، چارپايلار ياشىغاندەك ياشايدۇ، ئەگەر ۋاقتىنى غاپىللىقتا، نەپسى-شەھۋەتتە، ئەمەلگە ئاشمايدىغان باتىل ئارزۇلاردا ئۆتكۈزسە، بۇ ئۇيقۇ ۋە بىكارچىلىقتىن ئۆتكۈزگەندىنياخشى بولسىمۇ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھايات ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى بولىدۇ." ["جاۋابۇل كاپىي" 109-بەت].

ھەسەن بەسەرىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مەن نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆردۈم ئۇلار ۋاقتىغا ئالتۇن-كۈمۈشكە بېخىللىق قىلغاندىنمۇ بەكرەكبېخىللىق قىلاتتى". (يەنى ئۇلار ۋاقتىنى بىكار ئىشقا سەرپ قىلمايتتى).

3-ۋاقىتنى تەرتىپلەپ، ھەر بىر سائەتنى ئىنتىزاملاشتۇرۇش، ھەر نەرسىگە ئۆزىنىڭ ھەققىنى بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئۇخلاش

ۋاقتنى بىكتىشىڭىز، بىلىم ئۆگۆنۆشكە مەلۇم ۋاقىت بىكتىشىڭىز، ئۇنىۋېرسىتېتى دەرسلىكىنى مۇزاكىرە قىلىشقا يېتەرلىك ۋاقىت بىكىتىشىڭىز، ھەر بىرىگە ئاشۇرۇۋەتمەستىن ياكى كېمەيتىۋەتمەستىنۋاقىت بىكىتىشىڭىز كېرەك.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ ئەنسارى ھەمراھى بىلەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن نۆۋەتلىشەتتى، ئۇلار رىزىق تەلەپ قىلىشنى ئىلىم تەلەپ قىلىشقا زىت قىلمايتتى، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەستىن ۋە سەل قارىماستىن ھەر ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈردى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ۋە مېنىڭئەمىيەتە ئىبنى زەيد ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئەنسارى خوشنام بولۇپ، بىز مەدىنىنىڭ ئاۋالى دېگەن يېرىدەتۇراتتۇق، بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا نۆۋەتلىشىپ بېرىپ كېلەتتۇق، بىر كۈنى خوشنام باراتتى، يەنە بىر كۈنى مەن باراتتىم، خوشنام بارغان كۈنىدە شۇ كۈندىكى ۋەھيىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئېلىپ كېلەتتى، مەن بارغان ۋاقتىمدا مەنمۇ شۇنداق قىلاتتىم».[بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى 89–نومۇرلۇق ھەدىستە رىۋايەت قىلىپ، ئىلىم ئېلىشتا نۆۋەتلىشىشنىڭ بابى دەپ كەلتۈرگەن. مۇسلىم رىۋايىتى 1479–ھەدىس].

4 ـ شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇنىۋېرسىتېتتا دەرس ئوقۇش يوللىرى قىسقا مۇددەتلىك، ئىلىم تەلەپ قىلىش يوللىرى بولسا چەكسىز بولۇپ ئۇ كىشى ۋاپات بولغۇچە داۋام قىلىدۇ، تىز ۋاقىت ئىچىدە ياخشىلىق يوللىرىغا توساقچا بولىدىغان قىسقا يولنى ئۆزۈپ تاشلاپ، توسالغۇسىز بەخت سائادەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئۇزۇن يولغا ئاتلىنىشقا تەييارلىق قىلىش كېرەك.

5–ئاللاھنىڭ دىنىدىن ئۆگەنگەنلىرىڭىزنى ئەمەلى ۋاقىئەلىككە تەتبىقلىسىڭىز، قىلغان ئىشلىرىڭىزدا ئىلىمنىڭ تەسىرى ئاشكارا بولىدۇ، سىزدىن كۆتىدىغىنىمىز، ئاپىڭىزغا زىيادە ياخشىلىق قىلىڭ شۇنداق قىلغاندا، سىزقەلبى، بەدىنى پاك بولغان، ئاتا ـ ئانىسىنى بەك ياخشى كۆرىدىغان، ئەقىللىق، جۇشقۇن ئوغۇل بولىسىز، سىزنىڭ ئۆگەنگەنلىرىڭىزنى ئەمەلى ۋاقىئەلىككە تەتبىقلاشىنىڭ جۈملىسىدىن: ئائىلىڭىزگە، جەمئىيەتكە ۋە ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرگە: ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى دەۋەت قىلىدىغانلىقى، دىنى بىلىم بىلەن پەننى بىلىملەرنىڭ ئارىسىدا زىتلىق يوق ئىكەنلىكىنى، دىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە بارلىق تەسەررۇپاتلىرىدا باشقىلارغا ئۈلگە بولىدىغانلىقىنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزۋە نەسىھەت قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراڭ.ئاللاھ تائالادىن سىزنى دائىم توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.